# شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 12 - ئاي
5
پەيشەنبە
维吾尔文 12月5日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24900 - سان بۈگۈن 12 بەت


جۇڭگو دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى

## ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقىغا قارىتا ئامېرىكا تەرەپ بىلەن كەسكىن سۆزلىشىپ، كۈچلۈك ئېتىرازىنى ئوتتۇرىغا قويدى

—— ئامېرىكا تەرەپنى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشنى توختىتىشقا دەۋەت قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى چىن گاڭ 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ مەسئۇلى كلېيننى چاقىرتىپ، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياستى قانۇن لايىھەسى»نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىغانلىقىغا قارىتا كەسكىن سۆزلىشىپ، كۈچلۈك ئېتىرازىنى ئوتتۇرىغا قويدى، (ئاخىرى 2 - بەتتە)

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تاشقى ئىشلار كومىتېتى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تاشقى ئىشلار كومىتېتى، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بايانات ۋە سۆز ئېلان قىلىپ،

## ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىغانلىقىغا قارىتا كۈچلۈك غەزەپلىنىدىغانلىقى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى

### مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تاشقى ئىشلار كومىتېتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى** مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تاشقى ئىشلار كومىتېتى 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياستى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقىغا قارىتا بايانات ئېلان قىلدى، بايانات تۆۋەندىكىچە:

شۇ جاي ۋاقتى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياستى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېرروررىزمغا زەربە بېرىشتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى بۇرمىلاپ، ئۇنىڭغا قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياستىنى ئاساسسىز ئەيىبلىدى، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى. بىز بۇنىڭغا قارىتا قاتتىق غەزەپلىنىدىغانلىقىمىزنى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز. (ئاخىرى 3 - بەتتە)

### مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تاشقى ئىشلار كومىتېتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى** مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تاشقى ئىشلار كومىتېتى 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياستى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقىغا قارىتا بايانات ئېلان قىلدى، بايانات تۆۋەندىكىچە:

شۇ جاي ۋاقتى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى جۇڭگو تەرەپنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا پەرۋا قىلماي، جاھىللىق بىلەن «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياستى قانۇن لايىھەسى»نى قاراپ چىقىپ ماقۇللاپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى، خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلدى. جۇڭگو مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تاشقى ئىشلار كومىتېتى بۇنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ، كۈچلۈك غەزەپلىنىدىغانلىقى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. (ئاخىرى 3 - بەتتە)

### دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى** دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى خۇا چۈنيىڭ 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياستى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقىغا قارىتا سۆز ئېلان قىلدى. تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ئامېرىكا پارلامېنتى ئاۋام پالاتاسى ھېلىلا ئاتالمىش «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياستى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى. مەزكۇر لايىھە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن داغ تەگكۈزۈپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېرروررىزمغا زەربە بېرىشتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا ھە دەپ قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياستىگە يامان غەرەزدە ھۇجۇم قىلىپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلدى، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئېغىر دەرىجىدە ئارىلاشتى. جۇڭگو تەرەپ بۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلىنىدىغانلىقى، قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. (ئاخىرى 3 - بەتتە)

### دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى** شۇ جاي ۋاقتى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى جۇڭگو تەرەپنىڭ كۈچلۈك قارشى تۇرۇشىغا ۋە كەسكىن سۆزلىشىشىگە پەرۋا قىلماي، جاھىللىق بىلەن «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياستى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى. بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىي مىزانىنى ئاشكارا دەپسەندە قىلغانلىق. مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى» پاكىتقا كۆز يۇمۇۋېلىپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەن، جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياستىگە بولغان بىر تەرەپلىمە قاراش بىلەن تولغان، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يوققا چىقارغان، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەقىقىي ھېس - تۇيغۇسىغا پىسەنت قىلمىغان بولۇپ، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ قىلچە تۆۋەن چەك بولمىغان قوش ئۆلچىمىنى ۋە ساختا، رەزىل بولغان زومىگەرلىك لوگىكىسىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى. (ئاخىرى 3 - بەتتە)

## ھەرقانداق كىشىنىڭ تېرروررچى كۈچلەرگە يانتاياق بولۇشىغا قەتئىي يول قويمايمىز

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

شۇ جاي ۋاقتى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياستى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن داغ تەگكۈزۈپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېرروررىزمغا زەربە بېرىشتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا ھە دەپ قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياستىگە يامان نىيەتتە ھۇجۇم قىلىپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلدى، بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىي مىزانىنى ئاشكارا دەپسەندە قىلغانلىق.

ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ھەرگىزمۇ كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت، دىن مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىق، تېرروررلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى. ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» ئىنتايىن غالجىرلىشىپ، نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېرروررلۇق دېلو(ۋەقە)سى سادىر قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ ئېلىپ كەلدى، ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى. ئىنسانىيەتكە قارشى، جەمئىيەتكە قارشى، مەدەنىيلىككە قارشى بۇنداق زوراۋانلىق، تېرروررلۇق قىلمىشلىرىنى ئامېرىكىدىكى بەزى سىياسەتۋازلار كۆرسىمۇ كۆرمەسكە، ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسقا سالدى. ھازىرقى شىنجاڭدا، ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، ئىسلاھات، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىلىنىۋاتىدۇ، (ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئامېرىكا تەرەپنىڭ «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش» سۇيىقەستى ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئوبزورچىسى

شۇ جاي ۋاقتى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياستى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى. مەزكۇر لايىھە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن داغ تەگكۈزۈپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېرروررىزمغا زەربە بېرىش تىرىشچانلىقىغا ھە دەپ قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياستىگە يامان غەرەزدە ھۇجۇم قىلىپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئېغىر دەرىجىدە ئارىلىشىپ، «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش»تەك رەزىل نىيىتىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى، جۇڭگو تەرەپ بۇنىڭغا كۈچلۈك غەزەپلىنىدۇ، قەتئىي قارشى تۇرىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق. شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر مىللەت، دىن، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىق، تېرروررلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى. ھەممىگە ئايانكى، شىنجاڭ ئىلگىرى ئەسەبىيزم، زوراۋانلىق، تېرروررلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. كەسكىن ۋەزىيەت ئالدىدا، شىنجاڭ قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار تېرروررلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، زوراۋانلىق، تېرروررلۇق پائالىيەتلىرىگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىپ، مەنبەدىن تۈزەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈردى. (ئاخىرى 3 - بەتتە)

## شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشقا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق قەتئىي قوشۇلمايدۇ

شىنجاڭ گېزىتى باش ماقالىسى

«شىنجاڭنى قالايمىقان قىلىش خام خىيالىدا بولغان ھەرقانداق سۇيىقەست ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ! شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق قەتئىي قوشۇلمايدۇ!» شۇ جاي ۋاقتى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ غەزىپى تېشىپ، كېلىشۋالغاندەك بىرلىكتە غەزەپ ساداسىنى ياڭرىتىپ، ئورۇنلۇق ۋە كەسكىن سۆزلەر بىلەن ئامېرىكا تەرەپنى مۇنداق كەسكىن ئاگاھلاندۇردى: شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى توسۇش سۇيىقەستلىرى ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئىرادىسى ئۆيۇل تاشتەك چىڭ.

ئامېرىكا شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»دە جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېرروررىزمغا زەربە بېرىشتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا ھە دەپ قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياستىگە يامان غەرەزدە ھۇجۇم قىلىپ، (ئاخىرى 6 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىغانلىقىغا قارىتا بايانات ئېلان قىلدى

## ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىغانلىقىغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز، كۈچلۈك ئەيىبلەيمىز

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

### شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى قوغدايمىز ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرىمىز

شۇ جاي ۋاقتى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياستى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچكى قانۇنى شەكلىدە، دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى ۋە قانۇن بويىچە قوللانغان تېرروررلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىگە قارىتا كەلسە - كەلمەس قول تىقتى، خالىغانچە تۆھمەت قىلدى، بىز بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز ۋە كۈچلۈك ئەيىبلەيمىز. مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى» شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا كۆز يۇمۇپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاق، ئىناق ئۆتۈۋاتقانلىقى، خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقىدەك ئوبيېكتىپ پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، (ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى

### شىنجاڭنىڭ تىنچ - ئىناق، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى قەتئىي قوغدايمىز

ھازىر شىنجاڭدا جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم، ئىقتىساد سىجىل تەرەققىي قىلىۋاتقان، خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتقان بولۇپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمما ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر شىنجاڭنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى كۆرۈشنى خالىماي، ئەنسىزلىككە چۈشۈپ، كەلسە - كەلمەس ئەيىبلەپ، پاكىتقا كۆز يۇمىدىغان، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىدىغان بىر قاتار گەپ - سۆزلەرنى ئېلان قىلىپ، كۈچىنىڭ بارىچە شىنجاڭغا قارا چاپلىدى. شۇ جاي ۋاقتى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياستى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا ھە دەپ ھۇجۇم قىلدى، بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، (ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش

### پاكىتقا كۆز يۇمۇش، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىش — ئوچۇقتىن - ئوچۇق زومىگەرلىك قىلمىشى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قايتا - قايتا قارشى تۇرۇشىغا پەرۋا قىلماي، «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياستى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى. مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى» كىشىلىك ھوقۇقنى باھانە قىلىپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قارىتا بۇرمىلاش، قارا چاپلاش ۋە ئاساسسىز ئەيىبلەش ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭنىڭ تېرروررلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرىگە ھە دەپ بوھتان چاپلاپ، بىزنىڭ مىللەت - دىن سىياستىمىزگە تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگو تەرەپكە يولسىزلارچە جازا قوللىنىپ، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىي مىزانىنى ئېغىر دەپسەندە قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى، بۇ، ئوچۇقتىن - ئوچۇق زومىگەرلىك قىلمىشى. (ئاخىرى 4 - بەتتە)

## شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق قىلمىش جەزمەن مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئابىلمەجىن

بۇ يىل يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد قىلىنغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامما زۇلۇمغا ئۇچراش، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىش، قۇل قىلىنىشتەك ئېچىنىشلىق تەقدىردىن قۇتۇلدى، ئىقتىسادتا، جەمئىيەتتە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى، خەلق تۇرمۇشى نامراتلىقتىن باياشاتلىققا يۈزلەندى، قورساقنى تويدۇرالماسلىق، كىيىمى پۈتۈن بولالماسلىقتىن ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يۈزلەندى. 2018 - يىلى شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 تىرىليون 200 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ، 1952 - يىلدىكىدىن 200 ھەسسە ئاشتى؛ كىشى بېشى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 49 مىڭ 475 يۈەنگە يېتىپ، 1952 - يىلدىكىدىن 37.7 ھەسسە ئاشتى؛ شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى ئىلكىدىكى چىقىم قىلىشقا بولىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1978 - يىلدىكىدىن 101 ھەسسە، 99 ھەسسە ئاشتى. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئىناق ئۆتۈپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن ئۆتۈپ، ئۆزئارا ھەمدەمدە بولۇپ، سوتسىيالىستىك ئىللىق، ئىناق چوڭ ئائىلىدە بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇشقا قاراپ مەردانە قەدەم تاشلىدى. (ئاخىرى 6 - بەتتە)

شىنجاڭنى قالايمىقان قىلىش خام خىيالىدا بولغان ھەرقانداق سۇيىقەست ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ

**ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرمىللەت، ھەرساھە زاتلار ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىغانلىقىنى كۈچلۈك ئەيىبلىدى**

5 - بەتتە

شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنىنىڭ يۈەنجاڭى ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز:

**تەلىم - تەربىيە مەركىزى بولمىسا، شىنجاڭنىڭ تىنچ - خاتىرجەم كۈنلىرى بولمايتتى**

7 - بەتتە